# 20843 - توڭگۇزنىڭ نىجاستىدىن قانداق پاكلىنىش توغرىسىدا

## سوئال

كىچىك ۋاقتىمدا ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە باشقا دۆلەتكە سەپەر قىلدىم، سەپەر جەريانىدا ئۇلار ماگا چوشقىنىڭ ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىرەنىك بەردى، ئىسمىدە قىلىشچە، ئانام بىزنى بۇنى يېيىشتىن چەكلىدى، بىز قولىمىز ۋە ئىغىزىمىزنى  سۇ  ۋە توپا بىلەن يۇمىدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىيتقاندەك: «ھەر قانداق كىشى چوشقىنى ياكى چوشقىنىڭ ماددىسى بولغان نەرسىنى سىلىسا قولىنى يەتتە قېتىم يۇسۇن بىر قېتىمدا توپا بىلەن يۇسۇن» دىگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىمدۇق، بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن سىرتتا بولۇپ قىلىپ بىلمەسلىك ياكى خاتالىقتىن چوشقا ماددىسى بار نەرسىنى يەپتمەن، ئىغىزىمنى سۇ بىلەن ۋە توپا بىلەن چايقىماپتمەن.

بىر قانچە يىللار ئىلگىرى مەندىن بۇ ئىككى خاتالىق سادىر بولدى، مىنىڭ ئىغىزىمدا ياكى قولۇمدا چوشقىنىڭ تەمى ياكى پۇرىقى ياكى رەڭگى دىگەن ھىچ نەرسىنىڭ ئىزى قالمىدى، ھازىر يۇيۇشىمىز ۋاجىپ بولامدۇ؟، مەن مۇشۇ ئىككى ئىش سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ نامازلىرىمىزنى قوبۇل قىلماي قىلىشىدىن قورقىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز مەقسەت قىلماستىن چوشقىنىڭ گۆشىنى ياكى چوشقا ماددىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنى يېگەن بولسىڭىز بۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَا أَخْطَأْتُمْ بِهِ وَلَكِنْ مَا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَحِيماً﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [سۈرە ئەھزاب 5-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن مىنىڭ ئۈممىتىمدىن خاتالىقتىن، ئۇنتۇپ قىلىشتىن ۋە مەجبۇرلانغانلىقتىن سادىر بولغان خاتالىقلىرىنى ئۆتنۇەتتى». [ئىبنى ماجە رىۋايىتى2043-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دىگەن].

مۇسۇلمان كىشى يېمەك-ئىچمەكنى تاللاپ، ئېھتىيات قىلىپ يېيىش، بولۇپمۇ خەلقى مۇسۇلمان بولمىغان، ناپاك نەرسىلەرنى يەيدىغان دۆلەتلەرگە بارغاندا بۇنداق قىلىش بەك مۇھىمدۇر.

چوشقىنىڭ نىجاستىدىن قانداق پاكلىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بەزى ئالىملار بۇنى ئىتقا قىياس قىلىپ يەتتە قېتىم يۇيۇپ، بىر قېتىمدا توپا بىلەن يۇيۇش كېرەك دەيدۇ.

توغرا بولغىنى: چوشقىنىڭ نىجاستىنى پەقەت بىر قېتىم يۇيۇۋەتسە كۇپايە قىلىدۇ، ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "كۆپچىلىك ئالىملار چوشقىنىڭ نىجاستىنى يەتتە قېتىم يۇيۇش كېرەك بولمايدۇ دەيدۇ، بۇ ئىمام شاپىئىنىڭ سۆزى بولۇپ دەلىل جەھەتتە كۈچلۈكتۇر".

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھمۇ بۇ قاراشنى كۈچلاندۇرۇپ "شەرھىل مۇمتى" 1-توم 495-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "پىقھى ئالىملىرى (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) چوشقىنىڭ نىجاستىنى ئىتنىڭ نىجاستىگە قېتىۋەتتى، چۈنكى چوشقا دېگەن ئىتتىنمۇ بەك نىجىستۇر، بۇ ھۆكۈمگە چوشقا بەك لايىقتۇر.

بۇ سىېلىشتۇرۇش ئاجىزدۇر، چۈنكى چوشقا دېگەن قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ بولغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىتقا قېتىۋەتمىگەن، توغرا بولغىنى ئۇنىڭ نىجىسلىقى باشقا نىجىس نەرسىلەرگە ئوخشايدۇ، ئۇمۇ باشقا نىجاسەتلەرگە ئوخشاش يۇيۇلىدۇ".

باشقا نىجاسەتلەرنى يۇيۇشتىمۇ توغرا بولغىنى نىجاسەت يوق بولغىچە يۇسا كۇپايە قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم سان بويىۇنچە يۇيۇش شەرت قىلىنمايدۇ.

چوشقىنى سىلىغانلىقتىن پاكلىنىشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى سۆز قانداق بولسا بولسۇن، ھازىر سىلەرگە بەدىنىڭلاردىن بىر ئورۇننى يۇيۇش ۋاجىپ بولمايدۇ، بۇنىڭ سىلەرنىڭ نامىزىڭلارغا ھېچ تەسىرى بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.